# سىياسىي جەھەتتە كېڭىشىش، دېموكراتىك نازارەت قىلىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش ۋە ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، ئورتاق تونۇشنى تېخىمۇ ياخشى مۇجەسسەملەپ، خەلق سىياسىي كېڭەش تۈزۈمىدە ياخشى چىڭ تۇرۇش، خەلق سىياسىي كېڭەش ئىشلىرىنى ياخشى راۋاجلاندۇرۇش كېرەك

(بېشى 1 - بەتتە)

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى لى كېچياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ، جاۋ لېجى، خەن جېڭ، دۆلەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ چىشەن يىغىنغا قاتناشتى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى ۋاڭ ياڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىن ھەيۋەتلىك دۆلەت شېئىرى ساداسى ئىچىدە باشلاندى. قىزغىن چاۋاك ساداسى ئىچىدە، شى جىنپىڭ مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ ئالدى بىلەن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى قىزغىن تەبرىكلىدى، خەلق سىياسىي كېڭەشكە قاتناشقان ھەرقايسى پارتىيە - گۇرۇھلار، تەشكىلاتلار، ھەر مىللەت، ھەر ساھە زاتلىرى، شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىدىكى قېرىنداشلار، ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىدىكى قېرىنداشلار، تەيۋەنلىك قېرىنداشلار ۋە چەت ئەللەردىكى چياۋمىن قېرىنداشلاردىن سەممىي ھال سورىدى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: خەلق سىياسىي كېڭىشى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ماركسىزم - لېنىنىزم بىرلىك سەپ نەزەرىيەسى، پارتىيە نەزەرىيەسى، دېموكراتىك سىياسىي نەزەرىيەنى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرگەنلىكىنىڭ ئۇلۇغ نەتىجىسى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار، پارتىيە - گۇرۇھسىز زاتلار، خەلق تەشكىلاتلىرى ۋە ھەر مىللەت، ھەر ساھە زاتلىرىغا رەھبەرلىك قىلىپ سىياسىي تۈزۈمدە ئېلىپ بارغان ئۇلۇغ ئىجادىيەت. 70 يىلدىن بۇيان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، خەلق سىياسىي كېڭەش ئىتتىپاقلىق ۋە دېموكراتىيەدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ باش تېمىدا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسىگە مۇلازىمەت قىلىپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇش ۋە سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب، قۇرۇلۇش، ئىسلاھاتنىڭ ھەرقايسى تارىخىي مەزگىلىدە ئىنتايىن مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇردى. (سۆزنىڭ تولۇق تېكستى 3 - بەتتە)

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يېڭى دەۋرگە كىردى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى خەلق سىياسىي كېڭەش خىزمىتى توغرىسىدا بىر قاتار مۇھىم، زور ئورۇنلاشتۇرمىلارنى چىقىرىپ، خەلق سىياسىي كېڭەش خىزمىتىگە بىر قاتار يېڭى تەلەپلەرنى قويدى، بۇ ئاساسلىقى تۆۋەندىكى بىرقانچە تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىرىنچىدىن، پارتىيەنىڭ خەلق سىياسىي كېڭەش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش، ئىككىنچىدىن، خەلق سىياسىي كېڭەشنىڭ خاراكتېرى، ئورنىنى توغرا ئىگىلەش، ئۈچىنچىدىن، خەلق سىياسىي كېڭەشنىڭ مەخسۇس كېڭەش ئاپپاراتلىق رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇش، تۆتىنچىدىن، دۆلەتنىڭ يېڭىچە سىياسىي پارتىيە تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، بەشىنچىدىن، قەلب ۋە كۈچنى كەڭ دائىرىدە مۇجەسسەملەش، ئالتىنچىدىن، دىققەتنى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، ۋەزىپە - مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىش، يەتتىنچىدىن، خەلق سىياسىي كېڭەش خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇش، سەككىزىنچىدىن، ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىش روھى ئارقىلىق ۋەزىپىنى ئادا قىلىش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىش. 70 يىللىق ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، خەلق سىياسىي كېڭەش تۈزۈمى كۆپ تەرەپتىن ئۆزگىچە ئەۋزەللىككە ئىگە.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: خەلق سىياسىي كېڭەش كېڭىشىش داۋامىدا كەڭ دائىرىدە ئىتتىپاقلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كۆپ پارتىيە ھەمكارلىقىنى ئالغا سىلجىتىپ، خەلق دېموكراتىيەسىنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، ھەم تارىخىي ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ھەم دەۋر ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك دېموكراتىيەسىنىڭ ئىشلارنى كۆپرەك كېڭىشىش، ئىشلارغا يولۇقسا كۆپرەك كېڭىشىش، ئىش قىلىشتا كۆپرەك كېڭىشىش ئالاھىدىلىكى ۋە ئەۋزەللىكىنى تولۇق نامايان قىلدى. پىكىر ئاڭلاش، پىكىرنى ئاڭلاشقا جۈرئەت قىلىش، بولۇپمۇ تەنقىدنى قوبۇل قىلىشقا جۈرئەت قىلىش، خىزمەتلەرنى ياخشىلاش — ئىشەنچ بولۇش، كۈچ بولۇشنىڭ ئىپادىسى. سوتسىيالىستىك كېڭىشىش دېموكراتىيەسىنى راۋاجلاندۇرۇپ، دېموكراتىك مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، «ئىتتىپاقلىشىش - تەنقىد قىلىش - ئىتتىپاقلىشىش» ئېسىل ئەنئەنىسىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، پىكىرگە كەڭ يول ئېچىپ، كۆپچىلىكنىڭ ئەقىل - پاراستىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئوخشاش بولمىغان ئىدىيە، كۆز قاراشنىڭ تولۇق ئىپادىلىنىشى ۋە چوڭقۇر پىكىر ئالماشتۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش، باراۋەر كېڭىشىش، باشقىلارغا زورلاپ تاڭماسلىق، قائىدىگە ئەمەل قىلىش، تەرتىپلىك كېڭىشىش، ھەركىم ئۆز گېپىنى قىلىپ تۇرۇۋالماسلىق، چۈشىنىش، كەڭ قورساق بولۇش، سەممىي كېڭىشىش، ئاشۇرۇۋەتمەسلىك، تەرسالىق قىلماسلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، كەڭ - كۇشادە سۆزلىشىدىغان، ھەركىم ئۆز پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويىدىغان ھەم ئىدراكىي ئۆلچەم بولغان، قانۇنغا ئۇيغۇن، نىزامنامىگە ئاساسلىنىدىغان ياخشى كېڭىشىش كەيپىياتى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. تۈزۈم - مېخانىزمنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تەدبىر بەلگىلەشتىن ئىلگىرى ۋە تەدبىرنى يولغا قويۇش داۋامىدا كېڭىشىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش مېخانىزمنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كېڭىشىشكە قاتنىشىش دائىرىسى، مۇزاكىرە قىلىش پرىنسىپى، ئاساسىي تەرتىپى، پىكىر ئالماشتۇرۇش شەكلى قاتارلىقلار ھەققىدە بەلگىلىمە چىقىرىش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يېڭى دەۋر شارائىتىدا، بىز داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەيمىز دەيدىكەنمىز، جەزمەن پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، قوزغىتىشقا بولىدىغانلىكى بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى قوزغىتىشىمىز كېرەك. خەلق سىياسىي كېڭەش ئۇيۇشۇلۇك خىزمەتلەر ئارقىلىق، تىرىشىپ پارتىيەنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلەرگە بولغان رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرىدىغان ۋە كۈچەيتىدىغان مۇھىم بازا، پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىشچان نەزەرىيەسى ئارقىلىق ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكى ۋەكىللىك زاتلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرىدىغان، تەربىيەلەيدىغان، يېتەكلەيدىغان مۇھىم سەھنە، ئورتاق ئىدىيەۋى - سىياسىي ئاساستا زىددىيەتلەرنى پەسەيتىدىغان، تونۇشتۇرىدىغان ۋە ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەيدىغان مۇھىم يولغا ئايلاندى. بىردەكلىك بىلەن كۆپ خىللىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. بىردەكلىك ئورتاق ئىدىيەۋى - سىياسىي ئاساسنىڭ بىردەكلىكى بولۇپ، كۆپ خىللىق مەنپەئەتنىڭ كۆپ مەنبەلىكى، ئىدىيەنىڭ كۆپ خىللىقنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، كۆپ خىللىققا ھۆرمەت قىلىش داۋامىدا بىردەكلىك ئۈستىدە ئىزدىنىش، «ئوخشاش» قىلىپ قويماسلىق كېرەك. ئىدىيەۋى - سىياسىي جەھەتتىن يېتەكلەش بىلەن دائىملىق ئىدىيەۋى - سىياسىي خىزمەتنى بىرلەشتۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئوخشاشلىقلاردا بىرلىككە كېلىپ، پەرقلەرنى ساقلاپ قېلىپ، ئوخشاشلىقلارنى مۇجەسسەملەپ، پەرقلەرنى تۈگىتىپ، ھەرقايسى پارتىيە - گۇرۇھلار، تەشكىلاتلار ۋە ھەر مىللەت، ھەر ساھە زاتلىرىنىڭ ئىدىيەدە ئورتاق ئىلگىرىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. خەلق سىياسىي كېڭەش ھەر ساھەدىكى ئاممىلار بىلەن كەڭ دائىرىدە ئالاقىلىشىپ ۋە ئۇلارنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئەزالارنى ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈش، ساھەدىكى ئاممىلار ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈشكە ئىلھاملاندۇرۇپ ۋە مەدەت بېرىپ، ئاممىنىڭ پىكرى ۋە تەكلىپىنى ۋاقتىدا ئەكس ئەتتۈرۈپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ فاڭجېن - سىياسەتلىرىنى چوڭقۇر تەشۋىق قىلىشى كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: خەلق سىياسىي كېڭەشنىڭ يېڭىچە سىياسىي پارتىيە تۈزۈمىنى يۈرگۈزىدىغان مۇھىم سىياسىي شەكىل ۋە تەشكىلىي شەكىللىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ ئۆز پارتىيە - گۇرۇھى نامىدا سىياسىي كېڭەشتە پىكىر بايان قىلىش، تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشى ھەققىدە مېخانىزم خاراكتېرلىك ئورۇنلاشتۇرما چىقىرىش كېرەك. پارتىيە سىرتىدىكى زىيالىيلار، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكتىكى زاتلار، يېڭى جەمئىيەت قاتلىمىدىكى زاتلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇش، ئالاقىلىشىش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك. پارتىيەنىڭ مىللەت سىياسىتى ۋە دىن سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك. شياڭگاڭ، ئاۋمېنلىق ئەزالارنى ئالاھىدە مەمۇرىي رايون ھۆكۈمىتى ۋە باش مەمۇرنىڭ قانۇن بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشىنى قوللاشقا يېتەكلەپ، ۋەتەننى سۆيىدىغان، شياڭگاڭنى سۆيىدىغان، ئاۋمېننى سۆيىدىغان كۈچلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، زورايتىش كېرەك. تەيۋەن ئارىلىدىكى ئالاقىدار پارتىيە - گۇرۇھلار، تەشكىلاتلار، جەمئىيەت تەشكىلاتلىرى، ھەر ساھە زاتلىرى بىلەن ئالاقىلىشىش، ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، دېڭىز بوغۇزىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكىلەرنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك. چياۋمىن قېرىنداشلار ۋەكىللىرىنى سىياسىي كېڭەش پائالىيىتىگە قاتنىشىشقا جەلپ قىلىش كېرەك. تاشقى ئالاقىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشنى ئاكتىپ كۈچ بىلەن تەمىنلەشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى ھەرقايسى پارتىيە - گۇرۇھلار، تەشكىلاتلار ۋە ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكى ۋەكىللىك زاتلار بولۇش سۈپىتى بىلەن، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئەستايىدىل كېڭىشىشى ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ھەر ساھەدىكى ئاممىغا ۋەكىللىك قىلىپ دۆلەت ئىشلىرىغا قاتنىشىپ، ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىدۇ، بۇ، شەرەپ، تېخىمۇ مۇھىمى، مەسئۇلىيەت. كەڭ سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى قەتئىي دۆلەت ئۈچۈن ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش، خەلق ئۈچۈن مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىشتا چىڭ تۇرۇش ھېسسىياتى بىلەن، ئىشلارنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ، ئەزالىق ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، ئىدىيە سەۋىيەسى ۋە تونۇش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش ئىقتىدارىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىشى كېرەك. سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى پائال ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، ئەخلاق - پەزىلىتىنى تاۋلاپ، پاك - تەلەپچان بولۇشنى چىڭ تۇتۇپ، نەمۇنىلىك ھەرىكىتى ئارقىلىق يېڭى دەۋردىكى سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنىڭ خىسلىتىنى نامايان قىلىشى كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار خەلق سىياسىي كېڭەش خىزمىتىنى مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈپ، سىياسىي كېڭەشنىڭ خىزمەتلەرنى تەشكىللەپ قانات يايدۇرۇشىغا پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بېرىپ، سىياسىي كېڭەش رەھبەرلىك بەنزىسىگە ئەلالىرىنى تاللاپ، كۈچلۈكلىرىنى سەپلىشى كېرەك. پارتكومدىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇھىم پائالىيەتلىرىگە باشلامچىلىق بىلەن قاتنىشىپ، باشلامچىلىق بىلەن پارتىيە سىرتىدىكى دوستلار بىلەن كەڭ ۋە چوڭقۇر دوستلۇق ئورنىتىشى كېرەك. سىياسىي كېڭەش پارتگۇرۇپپىسى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ زور سىياسەت - فاڭجېنلىرى ۋە تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ خەلق سىياسىي كېڭىشىدە ئىزچىللىشىشى، ئەمەلىيلىشىشىگە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. سىياسىي كېڭەش سىستېمىسىنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك.

ۋاڭ ياڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلغاندا مۇنداق دېدى: باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇھىم سۆزىدە، پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات پۈتۈن ۋەزىيىتى يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، خەلق سىياسىي كېڭىشىنىڭ 70 يىللىق شانلىق مۇساپىسىنى چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن ئەسلەپ، خەلق سىياسىي كېڭەشنىڭ يېڭى جۇڭگونىڭ قۇرۇلۇشى ۋە سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب، قۇرۇلۇش، ئىسلاھاتنىڭ ھەرقايسى تارىخىي باسقۇچلىرىدا قوشقان مۇھىم تۆھپىسىگە يۈكسەك باھا بەردى، پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان خەلق سىياسىي كېڭەش خىزمىتىگە قويۇلغان بىر قاتار يېڭى تەلەپلەرنى ئومۇميۈزلۈك خۇلاسىلەپ، يېڭى دەۋردىكى خەلق سىياسىي كېڭەش خىزمىتىنىڭ بۇرچ - ۋەزىپىسى، ئومۇمىي تەلىپى، كۈچەش مۇھىم نۇقتىسىنى چوڭقۇر شەرھلەپ، يېڭى دەۋردىكى خەلق سىياسىي كېڭەش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن يەنىمۇ ئېنىق يۆنىلىش كۆرسىتىپ بېرىپ، تۈپ مىزان بىلەن تەمىنلىدى. بىز چوقۇم ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، ئاڭلىق ھالدا ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىمىزنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، باش چۆكۈرۈپ جاپالىق ئىشلەپ، يول ئېچىپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، يېڭى دەۋردىكى خەلق سىياسىي كېڭەش ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى ئۈزلۈكسىز يېزىپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ تارىخىي بۇرچىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملىشىمىز كېرەك.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسىنىڭ بېيجىڭدىكى ئەزالىرى، شۇجىچۇنىڭ شۇجىلىرى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قىسمەن مۇئاۋىن باشلىقلىرى، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارلىرى، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرى ۋە ئىلگىرى مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن پېشقەدەم يولداشلار يىغىنغا قاتناشتى.

مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرىدىكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇل يولداشلىرى، ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار مەركىزىي كومىتېتلىرى، مەملىكەتلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە پارتىيە - گۇرۇھسىز زاتلار ۋەكىللىرى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتىنىڭ بېيجىڭدىكى ئەزالىرى، قىسمەن ئەزالىرى، ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلىك سىياسىي كېڭەش، بىرلىك سەپ بۆلۈملىرىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ ۋەكىللىرى قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

# ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 12 - يىغىنى يېپىلدى

مۇخبىرىمىز جاۋ جيۈن خەۋەر قىلىدۇ: 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 12 - يىغىنى يېپىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شاۋكەت ئىمىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەردىن 52 كىشى يىغىنغا قاتناشتى، بۇ، قانۇندا بەلگىلەنگەن ئادەم سانىغا ئۇيغۇن.

يىغىندا ئاۋاز بېرىش ئارقىلىق «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپى قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى» ماقۇللاندى، ئاۋاز بېرىش ئارقىلىق «قومۇل شەھىرىنىڭ ئوت بېقىشنى باشقۇرۇش نىزامى» «قاراماي شەھىرىنىڭ نېفىت سانائىتى مىراسلىرىنى قوغداش نىزامى» «ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئوت بېقىشنى باشقۇرۇش نىزامى» «سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى شەرقىي جۇڭغار ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنى ئاسراش نىزامى»نى تەستىقلاش توغرىسىدىكى قارار ماقۇللاندى، ئاۋاز بېرىش ئارقىلىق ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى رېۋىزىيە ۋە ئەدلىيە كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى مائارىپ - پەن - مەدەنىيەت - سەھىيە كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى جەمئىيەت قۇرۇلۇشى كومىتېتىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنى ھەيئەت رىياسىتى قاراپ چىقىشقا تاپشۇرغان ۋەكىللەر ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپلەرنى قاراپ چىقىش نەتىجىسى توغرىسىدىكى دوكلاتى ماقۇللاندى، ئاۋاز بېرىش ئارقىلىق كادىرلارنى تەيىنلەش - قالدۇرۇش ئىشلىرى ماقۇللاندى.

يىغىندا، يېڭىدىن تەيىنلەنگەن ئاپتونوم رايوننىڭ دۆلەت خىزمەتچى خادىملىرىغا تەيىننامە تارقىتىلدى ھەم ئاساسىي قانۇن ئالدىدا قەسەم بېرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دىققەتنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، نىزام چىقىرىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، نىزام چىقىرىش خىزمىتىنىڭ سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك؛ «بىر ھۆكۈمەت، بىر كومىتېت، ئىككى مەھكىمە»نىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىنى قاتتىق ئادا قىلىشقا ھەيدەكچىلىك قىلىپ، ئاساسىي قانۇن، قانۇن - نىزاملارنىڭ ئۈنۈملۈك يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك؛ ئاساسىي قانۇن، قانۇن تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىپ، قانۇنچىل جەمئىيەت قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ئاممىۋى خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش، كەڭ ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش يېڭى دەۋردىكى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە جەزمەن بولۇشقا تېگىشلىك مەزمۇن، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى باش نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىپ، مىللەتلەر خىزمىتىنى قانۇنچىللاشتۇرۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك. ئورنىنى توغرا تېپىپ، رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، نەتىجىنى نامايان قىلىپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت تۈزۈمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشى كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىرىدىن جۇ خەيلۈن، ۋاڭ يۈڭمىڭ، دۇڭ شىنگۋاڭ، گۈلشات ئابدۇقادىر، مانەن زەينەل، سو يۈ يىغىنغا قاتناشتى.

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قادىلبېك قامزا، ئاپتونوم رايونلۇق رېۋىزىيە كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ مەسئۇللىرى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپلىرى، ھەرقايسى مەخسۇس كومىتېتلار، دائىمىي كومىتېت خىزمەت تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، ھەرقايسى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى قىسمەن ۋەكىللىرى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قىسمەن ۋەكىللىرى ھەمدە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى قاتارلىقلار يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتى.

چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 65 - قېتىملىق مۇدىرلار يىغىنىدا دائىمىي كومىتېت يىغىنىنىڭ تۈرلۈك قارالمىلىرىنى قاراپ چىقىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، دائىمىي كومىتېت ئومۇمىي يىغىندا ئاۋازغا قويۇشقا سۇنۇلىدىغان لايىھە قارار قىلىندى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

جۇڭگو تەرەپ سەئۇدى ئەرەبىستان بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە ئىستراتېگىيەلىك يۈكسەكلىك ۋە يىراق كەلگۈسى نۇقتىدىن مۇئامىلە قىلىدۇ ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ، سەئۇدى ئەرەبىستان تەرەپ بىلەن ئالاقىنى ساقلاپ، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىگە ۋە ھەمكارلىق تەرەققىياتىغا ئۈزلۈكسىز يېڭى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشۇشنى خالايدۇ.

سالمان مۇنداق بىلدۈردى: سەئۇدى ئەرەبىستان - جۇڭگو مۇناسىۋىتى مۇستەھكەم، ياخشى، سەئۇدى ئەرەبىستان تەرەپ بىر جۇڭگو سىياسىتىگە قەتئىي ئەمەل قىلىدۇ، جۇڭگو تەرەپنىڭ يادرولۇق مەنپەئەتىگە چېتىلىدىغان مەسىلىلەردە داۋاملىق ھالدا جۇڭگونى قەتئىي قوللايدۇ، ئىككى دۆلەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنىڭ يەنىمۇ تەرەققىي قىلىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ.

سالمان سەئۇدى ئەرەبىستان نېفىت ئەسلىھەلىرىنىڭ يېقىندا ھۇجۇمغا ئۇچرىغانلىقىغا ئالاقىدار ئەھۋاللاردىن خەۋەرلەندۈردى. شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو تەرەپ سەئۇدى ئەرەبىستان نېفىت ئەسلىھەلىرىنىڭ ھۇجۇمغا ئۇچراش ۋەقەسىنى ئەيىبلەيدۇ، بۇ ۋەقە دېڭىز قولتۇقى رايونى ۋەزىيىتى ۋە خەلقئارا ئېنېرگىيە بازىرىغا زەربە بولدى. ۋەقەنىڭ ئومۇميۈزلۈك، ئوبيېكتىپ، ئادىل تەكشۈرۈلۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن، ئالاقىدار تەرەپلەرگە رايون ۋەزىيىتىنىڭ جىددىيلىشىپ، دەرىجىسىنىڭ ئۆرلىشىگە سەۋەب بولىدىغان ھەرىكەت قوللىنىشتىن ساقلىنىپ، رايوننىڭ تىنچلىقى، مۇقىملىقىنى ئورتاق قوغداشنى مۇراجىئەت قىلىمەن.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

يىغىندا قالپىقى چۆرۈپ تاشلىنىدىغان 12 نامرات ناھىيەنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، نەق مەيداندا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشقا دائىر 36 تۈر سىنلىق ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

چېن چۈەنگو سۆزىدە 12 ناھىيەنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى مۇئەييەنلەشتۈردى، ساقلانغان مەسىلە ۋە يېتەرسىزلىكلەرنى چوڭقۇر تەھلىل قىلدى. ئۇ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دەل جايىدا تەدبىر قوللىنىش، كۈچنى مۇجەسسەملەپ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، بۇ يىل 12 نامرات ناھىيەنىڭ ھەممىسىنىڭ قالپىقىنى چۆرۈپ تاشلىشىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ئەمەلىي نەتىجە - ئۈنۈمى ئارقىلىق يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش كېرەك. بىرىنچى، ھەققىي تۈردە سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈش كېرەك. «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، قەتئىي ھالدا ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، چىدامچانلىق، ئىرادىنى ساقلاپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، نامراتلىق قورغىنىنى ھۇجۇم بىلەن ئېلىش كېرەك. ئىككىنچى، ھەققىي تۈردە نىشان - ئۆلچەمنى چىڭىتىش كېرەك. «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»نى چىڭ ئىگىلەپ، كۈچنى مۇجەسسەملەپ مۇتلەق نامراتلىقنى ھەل قىلىپ، ھەم ئەمەلىيەتتىن ئايرىلىپ قالماسلىق، ئۆلچەمنى ئۆستۈرۈۋەتمەسلىك، كۆزلىمىنى ئاشۇرۇۋەتمەسلىك، ھەم نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشتا ساختىلىق ئىشلەتمەسلىك، ئۆلچەمنى تۆۋەنلىتىۋەتمەسلىك، سۈپەتكە تەسىر يەتكۈزمەسلىك؛ ھەم ئالدىغا ئۆتۈۋالماي، ھەم قەستەن كەينىگە سۆرىمەي، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسىنى قەرەلىدە تاماملاشقا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئۈچىنچى، ھەققىي تۈردە كۈچنى مۇجەسسەملەپ، دەل جايىدا تەدبىر يۈرگۈزۈش كېرەك. «ئالتىدە دەل جايىدا بولۇش»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «بەتتە بىر تۈركۈم»، «ئۈچتە سالماقنى ئاشۇرۇش»نى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، كەشتە تىكىش ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ، تەدبىر - چارىلەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كەمتۈكلۈك، يېتەرسىزلىكلەرنى تولۇقلاپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدىكى تۈرلۈك تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. تۆتىنچى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش سۈپىتىنى ھەققىي ئۆستۈرۈش كېرەك. نامراتلىقتىن چېكىندۈرۈش ئۆتكىلىنى چىڭ ئىگىلەپ، چېكىندۈرۈش تەرتىپى ۋە ئۆلچىمىنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»تىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈشنى پۇختا قانات يايدۇرۇپ، مەسىلىلەرنى تۈزىتىشنى كۈچەپ ياخشى تۇتۇپ، ھەققىي نامراتلارنى قۇتۇلدۇرۇش، نامراتلىقتىن ھەققىي قۇتۇلدۇرۇشقا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. بەشىنچى، ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچنى ھەققىي قوزغىتىش كېرەك. نامراتلارنى يۆلەش بىلەن ئىرادە جەھەتتە يۆلەش، ئەقىل جەھەتتە يۆلەشنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، سىياسەت تەشۋىقاتى، ماھارەت بويىچە تەربىيەلەش، ئۈلگە كۆرسىتىپ يېتەكلەشنى كۈچەيتىپ، ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچنى قوزغىتىشنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا، ھەرقايسى ھالقىلىرىغا سىڭدۈرۈپ، نامرات ئاممىنى ئۆزىنىڭ جاپالىق ئەمگىكىگە تايىنىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك. ئالتىنچى، خىزمەت ئىستىلىنى ھەققىي ياخشىلاش كېرەك. 2 - تۈركۈمدىكى «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى پۇختا قانات يايدۇرۇشنى پۇرسەت بىلىپ، نامراتلارنى يۆلەش ساھەسىدىكى چىرىكلىك ۋە ئىستىل مەسىلىلىرىنى مەخسۇس تۈزەشنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىقنى زور كۈچ بىلەن تۈزەپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى ھەققىي يېنىكلىتىپ، ئېسىل ئىستىل ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش كېرەك. يەتتىنچى، سىياسىي مەسئۇلىيەتنى ھەققىي تۈردە يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. ئاپتونوم رايون باش مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىش، شەھەر، ناھىيەلەر ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش، بەش دەرىجىلىك شۇجىلار بىرلىكتە تۇتۇش، قاتلاممۇقاتلام بېسىم يەتكۈزۈش، قاتلاممۇقاتلام مەسئۇلىيەتنى چىڭىتىشتا چىڭ تۇرۇش؛ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاست، قالپىقى چۆرۈپ تاشلىنىدىغان 12 نامرات ناھىيەدىكى پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ بىرىنچى قول رەھبەرلىرى باش مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا ياخشى ئىشلىشى؛ ھەر دەرىجىلىك، ھەرقايسى تارماقلار ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، قوللاشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، بىرىكمە كۈچ شەكىللەندۈرۈپ، تۈرلۈك سىياسەت - تەدبىرلەرنىڭ كەنتلەرگىچە، ئائىلىلەرگىچە، ئادەملەرگىچە ئەمەلىيلىشىشىگە تۈرتكە بولۇشى كېرەك. سەككىزىنچى، زىچ بىرلەشتۈرۈشنى ھەققىي ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. دىققەتنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ئىشقا ئاشۇرۇپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن خاتىرجەم جەمئىيەت مۇھىتى يارىتىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداش ئۈچۈن پۇختا ئەلرايى ئاساسىنى مۇستەھكەملەش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى جاڭ چۈنلىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى ئەركىن تۇنىياز، ۋاڭ جۈنجېڭ، تيەن ۋېن، جى جېڭ، سارقىت ئاقان، غانىبات سابۇكەي، جارۇللا ھېسامىدىن، جاۋ چۈڭجيۇ، ۋاڭ مىڭشەن، چېڭ جېنشەن، ۋەن خەيچۈەن، ياڭ يۇڭ، مۇتەللىپ مەتتوختى، ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىغا ئەزا ئورۇنلاردىكى مەسئۇل يولداشلار يىغىنغا قاتناشتى.